شى جىنپىڭ گرېتسىيەنىڭ سابىق زۇڭلىسى چىپراس بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئافىنا، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جيەنمىن، داڭ چى) شۇ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئافىنادا گرېتسىيەنىڭ سابىق زۇڭلىسى چىپراس بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ چىپراسنىڭ گرېتسىيە زۇڭلىسى بولغان مەزگىلدە جۇڭگو ـ گرېتسىيە دوستانە ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلەتلەر ئارا ئالاقىدە ھەم مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىش، تېخىمۇ مۇھىمى ھەققانىيلىققا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. باشقىلارغا ئەتىرگۈل ھەدىيە قىلسىڭىز، قولىڭىزدا خۇش ھىدى قالىدۇ. جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللىدى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتتى. مەن شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۈمكى، گرېتسىيە ئىقتىسادى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، ئەسلىگە كېلىش، ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ، جۇڭگو ـ گرېتسىيە ھەمكارلىقىمۇ مۇھىم نەتىجىگە ئېرىشتى، بولۇپمۇ پىرېئۇس پورتى تۈردە يەنە يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو بىلەن گرېتسىيەنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشى گرېتسىيەنىڭ رايون قاتناش ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنلۈك ئورنىنى قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، جۇڭگو ـ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ھەمكارلىق ئىستىقبالى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. سىزنىڭ ۋە رەھبەرلىكىڭىزدىكى پارتىيەنىڭ جۇڭگو ـ گرېتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

چىپراس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن گرېتسىيە زۇڭلىسى بولغان مەزگىلدە، گرېتسىيە دەل قەرز كرىزىسىنىڭ قىيىن مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى. جۇڭگو ياردەم قولىنى سۇنۇپ، گرېتسىيەنىڭ كرىزىستىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. ھەقىقىي دوست باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. گرېتسىيە خەلقى جۇڭگونىڭ قىممەتلىك ياردىمىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، مىننەتدار بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنى ھەقىقىي دوستى دەپ قارايدۇ. گرېتسىيە تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، جۇڭيۈەن دېڭىز تىرانسپورتىنىڭ پىرېئۇس پورتى تۈرى ھەمكارلىقىدا ئۆزلۈكسىز پائال نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. مەن ۋە مېنىڭ رەھبەرلىكىمدىكى پارتىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن پارتىيەلەر ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق تۈردە گرېتسىيە ـ جۇڭگو، ياۋروپا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرىمىز.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر ئۇلارنىڭ خىزمىتى مۇقىم، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئىكەن. پىرېئۇس پورتى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ مۇھىم نەتىجىسىگە ئايلىنىپتۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىدىكەن ۋە پەخىرلىنىدىكەن، پىرېئۇس پورتىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولۇپتۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: پىرېئۇس پورتىغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا. بۈگۈن مەن بۇ يەردە، جۇڭگو تەشەببۇس قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ شوئار ۋە رىۋايەت ئەمەس، بەلكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەت ۋە قالتىس رىئاللىق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرىدۇ، بىرىنىڭلا دېگىنى ھېساب بولماستىن، بەلكى كۆپچىلىك مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىسىگە ئالىدۇ، نەتىجىلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىدۇ. جۇڭگو تاشقى ئالاقىدە توغرا ھەققانىيەت ـ مەنپەئەت قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. مەن شۇنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بىلدىمكى، سىلەر قىيىن ئەھۋالدا قالغان ۋاقىتتا، جۇڭيۈەن دېڭىز تىرانسپورتىنىڭ پىرېئۇس پورتى تۈرى سىلەرگە ياردەم بېرىپتۇ. سىلەر پىرېئۇس پورتىنى ياخشى قۇرساڭلار، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ مۇھىم قاتناشقۇچىلىرى ۋە تۆھپىكارلىرى بولىسىلەر. خىزمەتچىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشلىرىڭلارنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پىرېئۇس پورتى تۈرى جۇڭگو ـ گرېتسىيە ئىككى تەرەپنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، كۈچلۈكلەر بىرلىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسى. ئىككى تەرەپنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، پورتنىڭ كېيىنكى قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىنى ياخشى قىلىپ، رايون ئەشيا ئوبوروتىدىكى تارقىتىش مەركىزى بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز تېز لىنىيەسىنى ياخشى بەرپا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پىرېئۇس پورتىنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز، ھەمكارلىق نەتىجىلىرى چوقۇم ئۆزلۈكسىز تۈردە ئىككى دۆلەت ھەم رايون خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. جۇڭگو ـ گرېتسىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭى ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمەن.

مىتسوتاكىس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گرېتسىيە قەرز كرىزىسىغا پېتىپ قالغان مەزگىلدە، جۇڭگو گرېتسىيە خەلقىگە ياردەم بەردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پىرېئۇس پورتى تۈرى ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، گرېتسىيە ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، بۇ، گرېتسىيە دۆلىتى ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، گرېتسىيە خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. گرېتسىيە تەرەپمۇ بۇنىڭدىن «دوست» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. گرېتسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، پىرېئۇس پورتى تۈرىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، ئۇنى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

پىرېئۇس پورتى گرېتسىيەدىكى ئەڭ چوڭ پورت بولۇپ، ئافىنانىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن ئون كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان. 2016 ـ يىلى، جۇڭيۈەن دېڭىز تىرانسپورت گۇرۇھى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پىرېئۇس پورتىنىڭ پورت ئىشلىرى ئىدارىسىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈرىگە خېرىدار بولۇپ، رەسمىي ھالدا پورت ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ پېيىنى كونترول قىلغان پايچىكىگە ئايلاندى ھەم تىجارەت ـ باشقۇرۇشنى ئۆتكۈزۈۋالدى، نۆۋەتتە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا شۇ جايدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە ئىش ئورنى يارىتىپ بەردى. بۇ پورت ھازىر ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى ئەڭ چوڭ پورت ۋە پۈتۈن يەر شارىدىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولۇۋاتقان كونتېينېر پېرېستانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىلىش ۋە قىلىش پونكىتى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، تەۋەلىك رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. چېن چۈەنگو مەھەللىگە كىرىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىكى مەسئۇل يولداشلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ۋە مەھەللىدىكى ئاممىلار بىلەن سەممىمىي پاراڭلىشىپ، مەھەللىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئاڭلاشتۇردى. 53 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە جاپپار رەجەپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ھازىر تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، دۆلەت بارغانسېرى بېيىپ قۇدرەت تاپتى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا يەنە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان كۆپلىگەن مۇھىم، زور سىياسەت ۋە تەدبىر چىقىرىلدى، بىز قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: مەھەللە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي بىرلىك، مەھەللە ئىدارە قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك، ئائىلىلەر، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك. مەھەللە ئىدارە قىلىشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسى ۋە تەشكىللىلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەھەللە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى نىشانلاپ، ئاممىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى ياخشى بېجىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ داشۆدە، چېن چۈەنگو ئېنېرگىيە ماتېرىياللىرى خىمىيە ئوقۇتۇشى بۆلۈمى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنىڭ پەن تەتقىقات ئەھۋالى ۋە ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي دەرسلىك ئوقۇتۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يۈزتۇرا تەشۋىق قىلدى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۇنيادا كەم كۆرۈلىدىغان ئىككى چوڭ مۆجىزىنى ياراتتى، بىرى ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش مۆجىزىسى، يەنە بىرى جەمئىيەت ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش مۆجىزىسى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەرەپلىك ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىشتىكى ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىققا ئايلاندۇرۇشنى، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو تەشۋىق قىلىش داۋامىدا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېخىمۇ سۈپەتلىك قىلىپ، ئىدارە قىلىشنى تېخىمۇ سەۋىيەلىك قىلىپ، خەلقنى تېخىمۇ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ خەيرۇڭ پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زىياپەت باشلانغاندا، ئوركېستىر جۇڭگو، گرېتسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى.

پاۋلوپوۋلوس سۆز قىلىپ، گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ۋە گرېتسىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەننى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گرېتسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئوخشاشلا مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت، دوستانە ئالاقىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. گرېتسىيە تەرەپ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ھەقىقىي مەدەنىيلىك ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولمايدۇ، ئارازلىق بولمايدۇ، بەلكى ئالماشتۇرۇپ ئۆزئارا ئۆگىنەك ئالىدۇ، ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىدۇ. بۇ جەھەتتە، جۇڭگو دۇنياغا ئۈلگە بولىدۇ. جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ۋە ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ـ جۇڭگو ھەمكارلىق مېخانىزمى گرېتسىيە بىلەن جۇڭگونى، ياۋروپا بىلەن جۇڭگونى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىدى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ زىيارىتى گرېتسىيە ـ جۇڭگو دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. گرېتسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: گرېتسىيە غەرب مەدەنىيلىكىنىڭ بۆشۈكى، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە كۆرسەتكەن. جۇڭگو ـ گرېتسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 47 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپ ئىزچىل ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور ئىشلىرىنى قوللاپ كەلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۇلۇغ گرېتسىيە خەلقى ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، جۇڭگو ـ گرېتسىيە مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئوخشاشلا «تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ كۈچلۈك» بولۇش ئولىمپىك ھېكمىتى سۆزىدە چىڭ تۇرۇش زۆرۈر. ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىق ۋە مەدەنىيلىك سۆزلىشىشىدىن ئىبارەت «ئىككى چاق» ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى بىرلىكتە گرېتسىيە ئۆسمۈرلەر خور ئۆمىكى ئېيتقان گرېتسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ناخشىلىرىدىن ھوزۇرلاندى.

گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس ئەر ـ ئايال قاتارلىقلار زىياپەتكە قاتناشتى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئافىنا، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (**مۇخبىرلار خاۋ ۋېيۋېي، خۇاڭيىن جيازى**) شۇ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن گرېتسىيە زۇڭتۇڭى پاۋلوپوۋلوس ۋە رەپىقىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئافىنا قەلئەسى مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى ئەينەك تامدىن ئۆتۈپ كۆرگەزمە زالىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، قەدىمكى گرېتسىيە ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژلار ۋە ئىمارەتلەردىكى ھەيكەللەر خۇددى تىرىكتەك كۆرۈنۈپ، گۈزەللىك ۋە كۈچنى نامايان قىلىپ، گرېتسىيە كلاسسىك سەنئىتىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى بايان قىلىپ، كىشىلەرنى خۇددى تارىخ قاينىمىغا غەرق بولغاندەك، مەدەنىيلىك كارتىنىسىغا مەستخۇش بولغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ پات ـ پات تەپسىلىي سوراپ، قەدەمنى توختىتىپ ھۇزۇرلاندى. بۇنىڭدىن زوقلانغان پاۋلوپوۋلوس ئۆزى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ بىناكارلىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى غەرب مەدەنىيلىكىنىڭ ئىنتايىن ئەتىۋارلىق ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى. جۇڭگو شەرقتىكى قەدىمىي مەدەنىيلىكنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، گەرچە بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلى گرېتسىيەنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى كېيىنكىلەرگە چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىر كۆرسەتكەن. جۇڭگو ـ گرېتسىيە ھەر ئىككىلا دۆلەت كۆپلىگەن مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە، ئىككى تەرەپ مۇھىم مەدەنىيەت تارىخىي مىراسلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قوغداش جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتسە بولىدۇ. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جۇڭگو ـ گرېتسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ كۆپلىگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىرغا قەدەر يەنىلا چەت ئەللەردە ئېقىپ يۈرمەكتە، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بالدۇرراق ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ كەلسە بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى ئېكسكۇرسىيە مەندە ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل تەسىرات قالدۇردى، مېنىڭ قەدىمكى گرېتسىيە مەدەنىيلىكىگە بولغان چۈشەنچەم چوڭقۇرلاشتى، تارىخنىڭ زىلزىلىسىنى ھېس قىلدىم، شۇنداقلا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو بىلەن گرېتسىيەنىڭ ئىككى چوڭ قەدىمىي مەدەنىيلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن باغلىنىشلىق ۋە ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلارنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتتىم. زۇڭتۇڭ ئەپەندى ھەمدە گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ مېنى دوستانە كۈتۈۋالغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ قېتىمقى گرېتسىيە زىيارىتىدە مەن كۆپ تەسىراتقا ئىگە بولدۇم، بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىز تارىخنى بىرلىكتە ئەسلەپ، ئۆتمۈشتىن بۈگۈن ئۈچۈن ئۈلگە ئېلىپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، جۇڭگو بىلەن گرېتسىيەنىڭ تېخىمۇ مەھكەم قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتىشنى قارار قىلدۇق. ئىككى تەرەپ ئادىمىيەت ئالاقىسىنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ، مەدەنىيلىك سۆزلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوخشىمىغان مەدەنىيلىك ۋە دۆلەتلەرنىڭ كەڭ قورساق بولۇپ ئۆزئارا ئۆگىنەك ئېلىشى، ئىناق بىللە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

پاۋلوپوۋلوس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ گرېتسىيەگە قىلغان زىيارىتى گرېتسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. مۇشۇ ئىككى كۈندە، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن چوڭقۇر، ئىناق كەيپىياتتا سۆزلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، قەلبلەرنى تۇتاشتۇردۇق. گرېتسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت قويۇق مەدەنىيلىك جۇغلانمىسىغا ئىگە، قەدىمىي، شانلىق، ئۇلۇغ مەدەنىيلىك ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ قەلبىنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىدى. سىزنىڭ گرېتسىيە مەدەنىيلىكىگە بولغان مۇناسىپ چۈشەنچىڭىز ۋە ھۆرمىتىڭىزنى گرېتسىيە شەرق ـ غەرب مەدەنىيلىكىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك دەپ قارايدۇ، مەن گرېتسىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن سىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. گرېتسىيە ئۇزاق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قايىل، جۇڭگونىڭ خەلقئارادا يۈكسەك ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ. ئەگەر دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئىدىيەدە چىڭ تۇرسا، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولى بارغانسېرى كەڭ بولغان بولاتتى. دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن، گرېتسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.